# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىققان ئىدى، بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سىلىگە قانداق شەكىلدە سالام بېرىشنى تەلىم بەردىلە، سىلىگە قانداق شەكىلدە دۇرۇت يوللايمىز؟

ئابدۇراھمان بىن ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: ماڭا كەئەپ بىن ئۇجرە ئۇچراپ: ساڭا بىر نەرسە ھەدىيە قىلايمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىققان ئىدى، بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سىلىگە قانداق شەكىلدە سالام بېرىشنى تەلىم بەردىلە، سىلىگە قانداق شەكىلدە دۇرۇت يوللايمىز؟دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئەي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت سالام يوللىغاندەك، رەھمەت سالام يوللىغىن. سەن مەدھىيەلەنگۈچى ۋە ئۇلۇغ. ئەي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن ماختالغۇچى ۋە ئۇلۇغ» دەڭلار دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن تەشەھھۇتتە «ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دەپ سالام بېرىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق شەكىلدە دۇرۇت يوللاش كېرەكلىكىنى سورىغان. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزىگە قانداق شەكىلدە دۇرۇت ئېيتىش كېرەكلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلدۈردى: «ئەي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن». يەنى: ئەي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىندا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىن بولغان مۇئمىنلەرنى ھوزۇرۇڭدا گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن ماختىغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت سالام يوللىغاندەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى پەزىلەتلىك قىلغاندەك، ئۇلار: ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، مۇئمىنلەردىن بولغان ئەگەشكۈچىلىرىدۇر، بۇ پەزىلىگىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ قېتىۋەتكىن. يەنى: سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەلەنگۈچى ۋە ئۇلۇغ. سەن زاتىڭدا، سۈپەتلىرىڭدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىڭدە، چەكسىز كاتتىلىقىڭدا، ھۆكۈمرانلىقىڭدا ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىڭدا ماختالغۇچىدۇرسەن. ئەي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن» يەنى ياخشىلىق، ئىززەت-ئىكرامنىڭ كاتتىسىنى زىيادىسى بىلەن بەرگىن، ئۇنى داۋاملاشتۇرغىن.

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee